# قىز-خانىملار بىلەن سۆزلىشىشنىڭ

# ئەدەپ-قائىدىلىرى

[ئۇيغۇرچە]

﴿آداب الكلام مع النساء﴾

[باللغة الأويغورية ]

مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

1430 – 2009

islamhouse.com

# قىز-خانىملار بىلەن سۆزلىشىشنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى

1497-نومۇرلۇق سوئال

ئەرلەرنىڭ يات قىز-خانىملار بىلەن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ھالەتلەردە، يەنى ئائىلە ئەھۋالى، سودا-سېتىق ئىشلىرى، توي قىلىدىغان قىزلار بىلەن تونۇشۇشى ئۈچۈن بەزى سوئاللارنى سورىشى ۋە ئىسلامغا دەۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا، ئەھۋال سوراپ پاراڭلىشىشى دۇرۇس بولىدۇ دېگەنگە ئالاقىدار ھۆكۈمنى ئاڭلىدىم، بۇ ساغلام كۆز قاراشمۇ؟ ئەگەر مەزكۇر ھۆكۈم توغرا بولسا ئۇنىڭ دەلىلى نېمە؟.

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئاللاھقا خاستۇر.

ئەرلەرنىڭ يات قىز-خانىملار بىلەن سۆزلىشىشنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن شەرىئەتتە بىرقانچە شەرتلەر كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ شەرتلەر تۆۋەندىكى ئايەتلەردە زىكىر قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ.» [ئەھزاب 53-ئايەتنىڭ بىر قىسمى]. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ (يەنى پىسىق-پۈجۈر تەمەسىدە بولۇپ قالىدۇ)، گۇماندىن خالى ياخشى سۆزنى سۆزلەڭلار.» [ئەھزاب سۈرىسى32-ئايەت]. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ يۇقىرىقى ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: "يەنى قىز-خانىملار ئەرلەرگە نازلانغان قىياپەتتە سۆزلىمەسلىكى كېرەك. ئاللاھ ئۇلارنى تەمكىنلىك

بىلەن سۆزنى ئايرىپ قىلىشقا بۇيرىدى، يەنى ئۇلارنىڭ سۆزنى كەسكىن، ئىخچام قىلىشى، غىلجىڭلىق قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قەلبتە ئالاقە قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھالەتتە بولماسلىقى كېرەك. شۇ دەۋردىكى ئەرەب ئاياللىرى ئەرلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، ئىنچىكە ئاۋازدا نازلىنىپ سۆزلەيتتى. بۇ ئىستىلى بۇزۇق، ئەخلاقسىز ئاياللارنىڭ سۆزلەش ئۇسلۇبىغا ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقتىن، پاك ئاياللارنىڭ ئۇلارغا ئوخشاپ قىلىشى چەكلەنگەن.

ئايەتتىكى «ياخشى سۆز» دېگەن جۈملە، توغرا سۆزلەش دېگەنلىك بولۇپ، بۇنى شەرىئەت پرىنسىپى ۋە ئىنسان تەبىئىتىمۇ ئىنكار قىلمايدۇ. قىز-خانىملارنىڭ يات ئەرلەر بىلەن سۆزلەشكەندە پەس ئاۋازدا سۆز قىلىشى، ۋارقىراپ-جارقىراپ قوپال سۆزلەرنى قىلماسلىقى تەۋسىيە قىلىنىدىكەنۇ، ئېرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە تېخىمۇ ئەدەپ بىلەن سۆزلەش ۋاجىپ بولىدۇ.

يات قىز-خانىملار بىلەن سۆزلىشىش مەلۇم سەۋەپتىن بولۇپ، سوئالغا جاۋاپ بېرىش، سادا-سېتىق قىلىش ياكى ئائىلە ساھىبىنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە باشقا ئىشلار بولۇپ، بۇ جەرياندا سۆزنى قىسقا قىلىش، سۆزنىڭ ماۋزۇسى ۋە ئۇسلۇبىدا شەكلىنىش بولماسلىق كېرەك.

يۇقىرىدا ئەرلەرنىڭ يات قىز-خانىملار بىلەن سۆزلىشىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى بىلدۈرىدىغان بىرقانچە تۈرلۈك ئىشلارنى مىسال ئۈچۈن بايان قىلدۇق. ھەر قانداق ئەركەك يات قىز-خانىملار بىلەن سۆزلەشكەندە شەرىئەت بېكىتكەن شەرتلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك. ھەتتا دىنى

تەشۋىقات، سوئاللىغا جاۋاپ بېرىش، سودا-سېتىق قىلىش قاتارلىق جەريانلاردىمۇ بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

جانابى ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.